# 257914 ـ مۇسۇلمان كىشىنىڭ بار ياكى يوق يېرىدە ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدا

## سۇئال

بىر ئادەمنى يوق يېرىدە سوغۇققان دەپ سۆيەتلەش غەيۋەت ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ سۆزنى ئاچچىقلىنىپ تۇرغاندا دىسەممۇ غەيۋەت بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام غەيبەتنىڭ چەك-چېگراسىنى ئوچۇق بىكىتىپ بەرگەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن: غەيبەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟، دەپ سورىغاندا، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ، دىيىشكەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: قېرىندىشىڭنى ياقتۇرمايدىغان سۆيەت بىلەن تىلغا ئېلىشىڭ، دىۋىدى، ئۇلار: شۇ سۆيەت قېرىندىشىمدا بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: سەن دىگەن سۆيەت ئۇنىڭدا بولسا ئۇنىڭ غەيبىتىنى قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭدا بولمىسا ئۇنىڭغا بۆھتان قىلغان بولىسەن دىدى. [مۇسلىم رىۋايىتى2589].

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ "ئەل مۇئەتتا" 3-توم 150-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: غەيۋەت دىگەن نىمە؟ سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: بىر كىشىنى ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدىغان سۆيەت بىلەن تىلغا ئېلىشىڭ دىدى، ئۇ كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شۇ سۆيەت ئۇ كىشىدە بولسىچۇ؟ دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەگەر يوق بولسا ئۇنىڭغا بۆھتان قىلغان بولىسەن دىدى. [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 1992 –نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىككىنچى:

غەيۋەت دىگەن؛ گېپى قىلىنغان كىشى يوق جايدا بولىدۇ، ئەمما بار جايدا يۈزىنى چۈشۈرۈش بولسا تىللىغانلىق ۋە دەشنام قىلغانلىق بولىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ چەكلەنگەن ئىشتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇرۇشۇش كۇپۇرلۇقتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 48- ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 64-ھەدىس].

يەنە پەيغەمبەرئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: ھەسەت قىلىشماڭلار، ئالداشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر_بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشمەڭلار، بەزىڭلار_بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، بىشىغا كۈن چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، تەقۋالىق مانا بۇ يەردە دەپ، ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى، ئاندىن: بىر كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئابرۇيىغا چېقىلىشى ھارامدۇر، دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 2564–ھەدىس].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كۆچلۈك قاراشتا غەيۋەتنىڭ غەيۋەت دەپ ئاتىلىشى ئۇ ئايرىلىپ چىققان تۆپ سۆزگە رىئايە قىلىغانلىقتىن بولۇپ، لۇغەت ئالىملىرىمۇ بۇنى جەزىملەشتۈرگەن.

ئىبنى تىين مۇنداق دەيدۇ: غەيۋەت دېگەن بىر ئىنساننى يوق ۋاقتىدا ياقتۇرمايدىغان سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشتۇر. ئەللامە زەمەخشەرىمۇ شۇنداق بېكىتكەن.

ئەبۇ نەسىر قۇشەيري تەپسىر كىتابىدا، ئىبنى خەمىيس دېگەن ئالىم غەيبەت توغرىسىدىكى ئايرىم بىر بۆلىكىدە، ئىبنى مۇنزىر ۋە ئاخىرقىسى كەرماني بولغان باشقا ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: "غەيۋەت دېگەن گەرچە راست بولسىمۇ، بىر ئىنساننىڭ يوق يېرىدە، ئۇ كىشى ئاڭلىسا ياقتۇرمايدىغان بىر سۈپەت بىلەن ئۇنى سۈپەتلەشتىن ئىبارەتتۇر. ["پەتھۇل بارى" 10–توم 469–بەت].

جۇرجانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"غەيۋەت دېگەن بىر ئىنسان يوق ۋاقتىدا ئۇنىڭدا بار، ناچار سۈپەتلىرىنى تىلغا ئىلىشتۇر، ئەگەر ئۇ كىشىدە ئۇ سۈپەتلەر بولمىسا بۆھتان بولىدۇ، بار يېرىدە دىسە دەشنام بولىدۇ". ["ئەتتەرىپات" 163 –بەت].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: سىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزنى: "بىر ئىشقا ئېغىر ئادەم" دېيىشىڭىز كوچا تىلىدا تەبئىتى، سۆزى ۋە پرىنسىپى ئېغىر بولغانلىقتىن سورۇنداش بولۇش ياقتۇرۇلمايدىغان ئېغىر كىشى دېگەنلىك بولۇپ، ھەر قانچە ئاچچىقلىنىپ دىسىڭىزمۇ ئۇ چەكلەنگەن غەيۋەت بولىدۇ، ئاچچىقلىنىش سىزگە يامانلىق قىلمىغان بىر قېرىندىشىڭىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈشنى توغرا قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

غەيۋەت قىلغۇچىغا قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيهسسالامدىن ھەدىسلەر بايان قىلىندى، ئەگەر سىزنىڭ دېگەن سۆزىڭىز قېرىندىشىڭىزغا يەتكەن بولسا دەرھال ئۇنىڭغا ئۆزۈر ئېيتىپ، كەچۈرۈم سوراڭ، ئۇنىڭغا يەتمىگەن بولسا ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ قېرىندىشىڭىز ئۈچۈن ئاللاھدىن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەڭ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 23328_ نۇمۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.